بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

## 7- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، بۆلگۈنچىلىكتىن ساقلىنىڭلار چۈنكى شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە، ئىككى كىشىدىن تېخىمۇ يىراق. كىمكى كەڭتاشا جەننەتنى خالايدىكەن جامائەتنى لازىم تۇتسۇن» (ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد»تە نەقىل قىلغان).

بۈيۈك ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «<جامائەت> دېگەن سەن يالغۇز بولساڭمۇ ھەقكە مۇۋاپىقلىشىشىڭدۇر».

شۇڭا «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» دېگەن — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ، ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ شۇنداقلا ئۇلارنى ئېتىقادتا، سۆزدە ۋە ئەمەلدە ئۆلچەم قىلغان، ئۆلچەم قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرغان، بىدئەتتىن يىراق تۇرغان كىشىلەرنىڭ سۈننىتىنى (يولىنى) مۇستەھكەم تۇتقانلاردۇر. ئۇلار قىيامەتكە قەدەر ئاشكارا بولۇپ تۇرغۇچىلاردۇر، غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر شۇڭا ئۇلارغا ئەگىشىش ھىدايەتتۇر، قارشى يول تۇتۇش ئازغۇنلۇقتۇر.

سوئال: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ باشقا پىرقىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى قايسى؟

جاۋاب: 1. شۈبھىسىزكى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەيلى ئەقىدە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ھۆكۈم جەھەتتە بولسۇن ياكى مەنھەج جەھەتتە بولسۇن چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراش ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھالدۇر. يەنە ئۇلار خۇددى مۇشۇ ئۈممەت باشقا دىنلار ئارىسىدا ئوتتۇراھال بولغاندەك مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پىرقىلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ھالدۇر.

2. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىنى ئۇلۇغلايدۇ. كۆرسەتمە قوبۇل قىلىشتا كىتاب ۋە سۈننەتكىلا ئاساسلىنىدۇ؛ كىتاب ۋە سۈننەتكە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىگە مۇتلەق تەسلىم بولىدۇ؛ كىتاب ۋە سۈننەتنى سەلەف سالىھنىڭ مەنھەجىنىڭ، كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل يولىنىڭ تەقەززاسى بويىچە چۈشىنىدۇ.

3. ئۇلار ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا، ھەر قانداق سۆزىنى تۇتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى كەلگىنىنى قويۇپ قويىدىغان، ئۇلۇغلىنىدىغان ھېچبىر ئىمامى يوق. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھالەتلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سۈننەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، سۈننەتنى ئۆلچەم قىلىشقا ھېرىس بولغان ۋە سۈننەت ئەھلىنى كۆپ دوست تۇتىدىغان كىشىلەردۇر.

4. ئۇلار مۇشۇ دىن ھەققىدە، ھالال - ھارام مەسىلىلىرى ھەققىدە جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىدۇ ۋە شۇنداق جېدەللەرنى قىلغانلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

5. ئۇلار سەلەف سالىھنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىماملىرىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇلارنىڭ يولىنى ئەڭ سالامەت قالىدىغان، ئىلىمگە باي ۋە ئەڭ پۇختا يول دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

6. ئۇلار كالامىزمچىلارنىڭ تەئۋىلىنى تەرك ئېتىدۇ ۋە نەقلىنى (شەرئىي تېكىستنى) ئەقلىدىن (زېھنىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدىن) ئۈستۈن ئورۇندا قويۇش، ئەقلىنى نەقلىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق شەرىئەتكە باش ئېگىدۇ.

7. ئۇلار ھۆكۈمنى ئومۇملاشتۇرۇۋەرمەيدۇ. ئۇلار بىر مەسىلە ھەققىدىكى شەرئىي تېكىستلەرنىڭ ئارىسىنى جەملەيدۇ. مۇتەشابىھ (مەنىسى مۈئەييەنلەشمىگەن) تېكىستنى مۇھكەم (مەنىسى مۈئەييەنلەشكەن) تېكىستكە، ئىخچام تېكىستنى تەپسىلى تېكىستكە، مۇتلەق تېكىستنى قەيتلىگۈچى تېكىستكە قايتۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق زىددىيەتتىن ساقلىنىپ قالدى ۋە ھەققە يېتىپ باردى.

8. ئۇلار ھەققە يېتەكلەيدىغان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان سالىھلارنىڭ نەمۇنىسىدۇر چۈنكى ئۇلار ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەمدۇر، تەۋرەنمەستۇر. ئۇلار ئەقىدە ئىشلىرى ئۈستىدە ئىتتىپاقتۇر. ئۇلار ئىلىم بىلەن ئىبادەتنىڭ، الله قا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن سەۋەبلەرنى تۇتۇشنىڭ، دۇنيا ئىشىدا كەڭرى بولۇش بىلەن پەرھىزكار بولۇشنىڭ، قورقۇش بىلەن ئۈمىدنىڭ، ياخشى كۆرۈش بىلەن يامان كۆرۈشنىڭ، مۇئمىنلەرگە مېھرىبان، يۇمشاق بولۇش بىلەن كاپىرلارغا قوپال ۋە قاتتىق بولۇشنىڭ ئارىسىنى جەملىگۈچىدۇر. ئۇلار زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِنْ بَيْتِكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنَ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(غەنىيمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ» (سۈرە ئەنفال 5- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

«ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دە، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «سىلەر غەنىيمەت ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ، دەتالاش قىلىشقان ۋاقىتىڭلاردا الله ئۇ غەنىيمەتلەرنى سىلەردىن تارتىۋالدى ۋە ئۆز ئەلچىسىنىڭ تەقسىم قىلىشىغا ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئادىل، باراۋەر تەقسىم قىلدى. بۇ سىلەرگە تولۇق مەنپەئەتلىك بولدى. شۇنىڭدەك سىلەر باتىل دىنغا ياردەم بېرىش ۋە كارۋىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قوزغىلىپ چىققان قوراللىق دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى يامان كۆردۈڭلار لېكىن الله بۇ ئۇرۇشنى سىلەرگە تەقدىر قىلىپ، سىلەر بىلەن دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋەدىلەشمەستىن ئۇچراشتۇردى ۋە الله سىلەرنى توغرا يولغا باشلاپ غەلىبە - نۇسرەتكە ئېرىشتۈردى».

الله تعالى نىڭ بۇ ئايىتى تۆۋەندىكى ئايەتكە ئوخشايدۇ: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار» (سۈرە بەقەرە 216- ئايەت).

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بەدر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىزگە كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت سالدى، پەيغەمبەر ﷺ گە سەئىد ئىبنى ئۇبادە دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا ھەمدە (سودا كارۋىنىنى قويۇپ) قوراللىق قوشۇنغا قارشى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇئمىنلەردىن بەزىلەر جەڭ قىلىشنى خالىمىغان ئىدى، الله تعالى بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى».

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الأَسْلَمِيِّ رضي الله عنه قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «يَا مَعْشَرَ مَنْ آمَنَ بِلِسَانِهِ ، وَلَمْ يَدْخُلِ الإِيمَانُ قَلْبَهُ ، لاَ تَغْتَابُوا الْمُسْلِمِينَ ، وَلاَ تَتَّبِعُوا عَوْرَاتِهِمْ ، فَإِنَّهُ مَنِ اتَّبَعَ عَوْرَاتِهِمْ يَتَّبِعِ اللَّهُ عَوْرَتَهُ ، وَمَنْ يَتَّبِعِ اللَّهُ عَوْرَتَهُ يَفْضَحْهُ فِي بَيْتِهِ» (أخرجه أبو داود).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئى تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قەلبىگە ئىمان كىرمىگەن كىشىلەر! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىماڭلار! شەك - شۈبھىسىزكى، قانداق بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ (يەنى الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ)؛ الله بىرەرسىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا ئۇنى ئۆيىدە بولسىمۇ شەرمەندە قىلىۋېتىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ).

### ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر. (مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله تىن قورقۇڭلار. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەت).

بۇ توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەججەتۇل ۋىدا (رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدىكى ھەج خۇتبىسى)دا: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىر - بىرىڭلارنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە يۈز - ئابرۇيىڭلارغا چېقىلىشىڭلار خۇددى سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلار، بۇ ئېيىڭلار ۋە بۇ كۈنۈڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىقىڭلارغا ئوخشاش ھارامدۇر» دېدى. ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق ئىككى خىل چۈشەندۈرگەن:

1. بەزى ئالىملار: «بۇ ھەدىستە تىلىغا ئېلىنغانلار مۇناپىقلار» دېدى.

2. يەنە بەزى ئالىملار: «بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغانلار ئىمانى قەلبىگە ھەقىقىي ئورۇنلاشمىغان ئىمانى ئاجىز كىشىلەردۇر» دېدى.

مەيلى قايسى ھالەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، بۇ ھەدىستىكى خىتابنىڭ مەنىسى شۇكى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقىدەك سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشى ئىمانىدا ئاجىزلىق ياكى قەلبىدە نىفاقلىق بار دېگەن بولىدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، يۈز - ئابرۇيلارنى تۆكۈش — دوزاخ ئورەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىستە مۇنداق يامان ئەخلاقتىن توسۇپ كۆپ ئايەت - ھەدىسلەر كەلگەن. ئۈممەت بۇ بەد ئەخلاقنىڭ ھارام ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە ئىجماغا كەلگەن. بۇنداق يامان ئەخلاق بولسا ئادىمىي ھەقلەرگە ئائىت ھەق بولۇپ، ياكى غەيۋىتى قىلىنغان، يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگەن كىشى رازى بولۇپ ئۆتۈۋەتمىگۈچە ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسى توغرا بولمايدۇ. ئىنسان بۇ يامان ئەخلاقتىن تەۋبە قىلىشى لازىم.

بۇ توغرىسىدا يەھيا ئىبنى مۇئاز: «سېنىڭ مۆئمىندىن بولغان نېسىۋەڭ ئۈچ تۈرلۈك بولسۇن:

بىرىنچى، قېرىندىشىڭغا مەنپەئەت بېرەلمىسەڭمۇ زىيان يەتكۈزمە؛ ئىككىنچى، خۇشال قىلالمىساڭمۇ غەمگە سالما؛ ئۈچىنچى، ماختىيالمىساڭمۇ سۆكمە» دېگەن («جامع العلوم والحكم» 294- ھەدىس).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### مەككىگە خەۋەرنىڭ يېتىپ بېرىشى

ئەمما كارۋاننىڭ خەۋىرىگە كەلسەك، كارۋاننىڭ بېشى ئەبۇ سۇفيان زېرەك، ئېھتىياتچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن يولنىڭ بىخەتەر ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى شۇڭلاشقا يولنىڭ خەۋىرىنى ئۇچراتقانلىكى ئادەمدىن سوراپ تۇردى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئىستىخباراتلىرى ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كارۋاننى توسۇشقا چىققانلىقىنى يەتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ سۇفيان زەمزەم ئىبنى ئەمر غىفارىنى سېتىۋېلىپ، مەككىگە قۇرەيشلەرنى كارۋىنىنى قوغداشقا ياردەمگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. زەمزەم تېز سۈرئەتتە مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بەتنى ۋادىسىدا تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆگىنىڭ بۇرنىنى كېسىۋەتتى ۋە تۆگىسىنىڭ توقۇملىرىنى تەتۈر ئورناتتى. ئاندىن كىيىملىرىنى يىرتىپ ئىنتايىن يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى (مۇنداق قىلىش خەۋەرنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى): «ۋاي ئىسست، ئى قۇرەيش خەلقى! ۋاي ئىسست! ۋاي ئىسست! سىلەرنىڭ ئەبۇ سۇفيان بىلەن بولغان ماللىرىڭلارغا مۇھەممەد ئەسھابلىرى بىلەن تېگىش قىلدى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

مەن سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى قۇتقۇزۇۋالماي قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئەلمەدەت، ئەلمەدەت!».

## مەككە ئەھلىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلانغانلىقى

مەككە ئەھلى بەكمۇ تېز ھەرىكەتكە كەلدى ھەمدە: «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى بۇ كارۋاننى ئىبنى ھەزرامىنىڭ كارۋىنىغا ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. اللہ بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ» دېيىشتى.

بۇ ئۇرۇشقا مەككىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىقتى ياكى ئۆز ئورنىغا باشقا ئادەم چىقاردى، ئىختىيارلىق بولمىدى. ئەبۇ لەھەب ئۆز ئورنىغا زىممىسىدە قەرزى بار بىر كىشىنى قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىش بەدىلىگە چىقاردى.

قۇرەيشلىكلەر ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا ئەرەب قەبىلىلەرنىمۇ ياردەمگە چاقىردى. بۇ ئۇرۇشتا قۇرەيش جەمەتىدىن بىرمۇ ئادەم قېلىپ قالمىدى ئەمما بەنى زۆھرە جەمەتىدىن بىرمۇ كىشى بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىدى.

ئۇمەييەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ سەئد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئۇنىڭ جاھىلىيەتتىكى دوستى بولۇپ، ئۇمەييە مەدىنىگە كەلسە سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. سەئد مەككىگە كېلىپ قالسا ئۇمەييەنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن سەئد ئۆمرە ھەج قىلىش نىيىتىدە ئۇمەييەنىڭ مەككىدىكى ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇمەييەگە:

— تىنچ ۋاقىتقا قارا، مەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋالاي! — دېدى. ئاندى ئۇمەييە سەئدنى چۈش ۋاقتىدا ئېلىپ چىقىۋېدى، ئۇ ئىككىسىگە ئەبۇ جەھىل ئۇچراپ:

— ھەي ئۇمەييە! سەن بىلەن تۇرغان ئۇ كىشى كىم؟! — دېدى. ئۇ:

— سەئد، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ جەھىل سەئدگە:

— سەن ئەجدادىنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغانلارغا ئورۇن بەرگەن (يەنى مۇسۇلمانلارنى دېمەكچى) ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن تۇرۇپ بەيتۇللاھنى خاتىرجەم تاۋاپ قىلىۋاتامسەن؟! اللہ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئۇمەييە بىلەن كۆرمىگەن بولسام ئەھلىڭگە سالامەت قايتالمايتتىڭ، — دېگەنىدى، سەئد ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازدا:

— اللہ بىلەن قەسەمكى، سەن مېنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن توسساڭ، مەن سېنى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق نەرسە بىلەن توسىمەن (يەنى مەدىنىدىن ئۆتىدىغان يولۇڭدىن توسىمەن)، — دېدى. ئاندىن ئۇمەييە ئۇنىڭغا:

— ئى سەئد، ئەبۇ ھەكەمگە ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلما! ئۇ ۋادىي خەلقىنىڭ خوجايىنىدۇر، — دېدى. سەئد ئۇمەييەگە:

— بولدى قىل! ئى ئۇمەييە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <بىز ئۇمەييەنى ئۆلتۈرىمىز> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، — دېگەنىدى، ئۇمەييە:

— مەككە ئىچىدە ئۆلتۈرۈلەمدىكەنمەن؟

— دەپ سورىدى. سەئد:

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇمەييە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالى ئۇممۇ سەفۋانغا:

— ئى ئۇممۇ سەفۋان، سەئدنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرىگە قارىمامسەن! — دېدى. ئۇممۇ سەفۋان:

— ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇمەييە:

— مۇھەممەد مۇسۇلمانلارغا مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن سەئدكە <مەككىدە ئۆلتۈرەمدىكەن؟> دېسەم، ئۇ <بىلمەيمەن> دەپ جاۋاب بەردى، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇمەييە:

— بۇنىڭدىن كېيىن مەككىدىن چىقمايمەن، — دېدى.

بەدر كۈنى ئەبۇ جەھىل مەككىلىكلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىشقا چاقىرىپ: <كارۋىنىڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار!> دېگەن ۋاقىتتا، ئۇمەييە ئۇرۇشقا چىقىشقا ئۇنىمىدى. ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى ئۇمەييە، سەن ۋادىي خەلقىنىڭ خوجايىنى تۇرساڭ، ئەگەر خالايىقلار سېنىڭ ئۇرۇشقا چىقمىغانلىقىڭنى كۆرسە، ئۇلار ئۇرۇشقا چىقىشقا ئۇنىمايدۇ، — دېدى. ئەبۇ جەھىل بۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئۇمەييە ئۇنىڭغا:

— سەن مېنى مەجبۇرلىساڭ اللہ بىلەن قەسەمكى، مەن مەككىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك تۆگىنى سېتىۋالىمەن، — دەپ، ئايالىغا:

— ئانىسى، مېنى تەييارلاپ قويۇڭلار! — دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— مەدىنىلىك دوستۇڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟! — دېگەنىدى:

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن ئۇلار بىلەن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا يېنىپ كېلىمەن، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇمەييە ئاخىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقا چىقتى. ئەگەر ئۇلار بىرەر ئورۇنغا چۈشسىلا، ئۇمەييە تۆگىسىنى ئايرىم ئورۇنغا قويۇپ ماڭاتتى. ئاخىرى اللہ تبارك وتعالى ئۇنى بەدردە ئۆلتۈرۈۋەتتى» (ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە ئۇمەييەنىڭ ئايالى: «اللہ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد يالغان سۆزلىمەيدۇ» دېگەن).

## مەككە قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكىريي كۈچى

بۇ قوشۇنىنىڭ ئەسكىريي كۈچى 1300 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ قوشۇندا 100 ئات، 600 ساۋۇت ۋە نۇرغۇن تۆگىلەر بار ئىدى. بۇ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بولۇپ، بۇ قوشۇنىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك تەمىناتىنى قۇرەيش بايلىرىدىن توققۇز ئادەم ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇلار بىر كۈنى توققۇز، بىر كۈنى ئون تۆگە بوغۇزلايتتى.

بۇ قوشۇن يۈرۈش قىلىش ئالدىدا قۇرەيش بىلەن بەنى بەكرى قەبىلىسى ئارىسىدىكى ئاداۋەت ۋە ئەسكىريي توقۇنۇشلارنى ئەسلىدى-دە، بۇ قەبىلىلەر ئارقا تەرەپتىن زەربە بەرسە ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ تالاپەتكە يولۇقۇشىدىن قورقۇپ ئىرادىسىدىن يېنىۋالماقچى بولۇشقانىدى، بۇ چاغدا ئىبلىس مەلئۇن سوراقە ئىبنى مالىك جۇئشۇمنىڭ (بۇ بەنى كىنانە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى) سىياقىدا پەيدا بولۇپ كېلىپ: «مەن سىلەرگە بەنى كىنانە قەبىلىسىنىڭ يامانلىقىدىن باشپاناھ بولىمەن» دېدى. ئىبلىس كۈتۈلگەن دۈشمەندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار ھاكاۋۇرلارچە يولغا چىقتى.

اللہ تعالی ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يۇرتلىرىدىن تەكەببۇرلۇق ۋە رىيا قىلىپ كىشىلەرنى اللہ يولىدىن توسۇپ چىققان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماڭلار، اللہ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 47- ئايەت).

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)







# سۈرىيە جىھادى ۋە شىئەلەر

«سۈرىيە جىھادى» دەپ ئاتىلىۋاتقان جىھاد — سۈرىيە ئەسەد ھۆكۈمىتىگە قارشى، ئەسەد ھۆكۈمىتىنى قوللىغان خىتاي، رۇسىيە، ئىران رافىزىيلىرى، لىۋان لات پارتىيىسى قاتارلىق تۆت - بەش كۈچلەر (يەنى ئەھزاب، ئىتتىپاقداش ئارمىيە)گە قارشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق كۈچ ئەسەد ئارمىيىسى① بولغاچقا، تۆۋەندە بىز مۇشۇ تائىپە ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئۇلار تارىختىن بىرى «نۇسەيرىيلەر» نامى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىسمى. بىراق سۈرىيىدە «مىللىي گۇرۇپ» نامى ئاستىدا بىر سىياسىي پارتىيە تەسىس قىلىنغاندا، بۇ پارتىيە نۇسەيرىيلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا «ئەلەۋىيلەر» ئىسمىنى قوللانغان. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە شۇنىڭغا ھېرىسمەن. بۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيە ئۇلارغا ھازىرقى تەرتۇس ۋە لازىقىيە ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلىپ «ئەلەۋىيلەر دۆلىتى» نامى ئاستىدا بىر دۆلەت قۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ دۆلەت 1920- يىلىدىن 1936- يىلىغىچە داۋام قىلغان.

فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەينى زاماندا سۈرىيىنى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، نۇسەيرىينىڭ رافىزىيچىلىق (يەنى قاتتىق كاپىرلىق) ۋە باتىنىيچىلىق («بۇ ئالەم قەدىمىي» دەيدىغان، ئاخىرەتتە تىرىلىش مەسىلىسىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئەلى رضي الله عنه نى ئىلاھ دەيدىغان) ھەقىقىتىنى يۆگەش ۋە مۇسۇلمانلارنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇسەيرىيە تائىپىسىگە «ئەلەۋىي» دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتكەن. (يەنى «نۇسەيرىيە» دېگەن ئىسمىنى يوقىتىپ، «ئەلەۋىي» دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتمەكچى بولغان.)

فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەلى رضي الله عنه نى قوللايدىغانلارنى «ئەلىچىلار» دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئەھلى سۈننەت بىلەن بولغان بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يوق قىلىپ، ئىسلامغا يوشۇرۇن سۇيىقەست قىلىش (يەنى سۈننەتنى بىدئەتلەشتۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرۇش) ئۈچۈن مۇشۇ ئىسمىنى قوللانغان.

نۇسەيرىيلەر يەنە سۈرىيىنىڭ لازىقىيەدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشاپ، كېيىنچە شۇ يەرگە خوشنا كېلىدىغان باشقا شەھەرلەرگە تارقالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاناتولىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ نۇسەيرىيلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار «تاختىچىلار، ئوتۇنچىلار» نامى بىلەن تونۇلىدۇ. شەرقىي ئاناتولىيە بولسا ئۇلارنى «قىزىل باشلار» دەپ ئاتايدۇ.

تۈركىيەنىڭ باشقا رايونلىرى ۋە ئالبانىيەدە بولسا «بەكتاشىيلار» نامى بىلەن تونۇلىدۇ.

ئىراننىڭ تۈركىستاندىمۇ نۇسەيرىيلەر بار بولۇپ، ئۇلار «ئەلئەلى ئىلاھىيە» نامى بىلەن مەشھۇر.

رافىزىيلار ئىران، ئىراق، لىۋان، ئەزەربەيجان ۋە ئافغانىستاندا مەۋجۇت بولۇپ، لىۋاندىكى ھىزبۇللات پارتىيىسىمۇ رافىزىي پىرقىسىگە تەۋە.

ھازىر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەكەندە 12 ئىمام مەزھىبىدىكى شىئەلەرنىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ قالماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا، تاشقورغان، پوسكام، قاغىلىق ۋە گۇما تەرەپلەردىمۇ شىئەلەرنىڭ ئىسمائىلىيە تائىپىسىغا تەۋە بولغان نۇرغۇن تاجىكلار ياشايدۇ.

دوكتۇر مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەل جۇھەنى تۈزۈپ چىققان «ھازىرقى زاماندىكى پارتىيىلەر، مەزھەبلەر ۋە دىنلار توغرىسىدا ئاسانلاشتۇرۇلغان قامۇس» دېگەن كىتابنىڭ 10- پارگرافىدا نۇسەيرىيلەر ئىسلامغا مەخسۇس قارشىلىق قىلىدىغان باتىنىي گۇرۇھلار قاتارىغا تىزىلغان بولۇپ، ئۇ باتىنىي گۇرۇھلارنىڭ بىرىنچىسى، يەزىدىيە؛ ئىككىنچىسى، قەرمەتى؛ ئۈچىنچىسى، ئىسمائىلىيە؛ تۆتىنچىسى، نۇسەيرىيە؛ بەشىنچىسى، دىرۇزىي؛ ئالتىنچىسى، ھەششاشۇن؛ يەتتىنچىسى، بابىيە باھائىيە؛ سەككىزىنچىسى، قادىيانىيە؛ توققۇزىنچىسى، سۇداندىكى جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى؛ ئونىنچىسى، ئەھباش؛ ئون بىرىنچىسى، ئەنسار؛ ئون ئىككىنچىسى، ھۇمەينىزم؛ ئون ئۈچىنچىسى، ئەمەل (يەنى ئۈمىد، ئارزۇ) ھەرىكىتى دەپ ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ گۇرۇھلارنىڭ تۆتىنچىسى بولغان نۇسەيرىيە (يەنى نۇسەيرىزم) بولسا باتىنىي بىر ھەرىكەت بولۇپ، باتىنىيلار گۇرۇھىنى ئەينى زاماندا بەزىبىر ئەقىدە جەھەتتە بىر قىسىم پەلسەپىلەردىن تەسىرلىنىپ قالغان، كېيىن تەۋبە قىلغان ئەبۇ ھامىد غەززالى رحمه الله دەك كىشىلەرمۇ: «كاپىر، مۇرتەد» دېگەن. ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم (اللہ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن)غا ئوخشاش ئالىملار: «باتىنىي مەزھەبىنىڭ كاپىرلىقىدا ئەھلى ئىسلامنىڭ قارشى ئورتاق»، ھەتتا «باتىنىي مەزھەبىنى كاپىر دېمىگەن ئادەم ئۆزى كاپىر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، بۇ باتىنىي مەزھەبكە تەۋە بىر ھەرىكەت بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭ ئىگىلىرى شىئە گۇرۇھىنىڭ غۇلات (چېكىدىن ئاشقان) لىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىئەلەر: «ئەلىدە ئىلاھلىق مەۋجۇت (يەنى ئەلىنىڭ بەدىنىدە ئىلاھلىق بار)» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ ۋە ئەلى رضي الله عنه نى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى — ئىسلامنى ئۆرۈپ يىقىتىش ۋە ئىسلامنىڭ تۈتقۇلىرىنى پارچىلاش، بۇزۇپ تاشلاشتۇر. ئۇلار ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلار زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلگەن.

بۇ پىرقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ شۇئەيب مۇھەممەد ئىبنى نۇسەير ئەلبەسرىي ئەننۇمەيرىي (ھىجرىيىنىڭ 270- يىلى ئۆلگەن) بولۇپ، ئۇ ئەلى ھادىي (ئونىنچى)، ئەلھەسەن ئەلئەسكەرى (ئون بىرىنچى) ۋە مۇھەممەد ئەلمەھدىي ئەلمەۋھۇم (يەنى ئون ئىككىنچى خىيالىي ئىمام)لاردىن ئىبارەت شىئەلەرنىڭ ئۈچ ئىمامى بىلەن زامانداش ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمام ھەسەن ئەسكەرىگە ئېچىلغان ئىشىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شىئەلەرنىڭ پاكىت ۋە مەنبەسى ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ئىشىكلىك ۋە مەنبەلىك سۈپىتىنىڭ ئىمام مەھدىينىڭ غايىب بولۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قېلىپ قالىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. ئۇ پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەت دەۋاسى قىلغان ۋە ئىماملارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاپ، ئۇلارنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن تائىپىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇھەممەد ئىبنى جۇندۇپ ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلجىنان ئەلجۇنبىلانىي (ھىجرىيە 235—287) ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئەسلى مىسىرلىق بولۇپ، ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلجۇنبىلانىي بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن جۇنبىلاغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تائىپىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەنگەن. ھەلەبتىكى ھەمەدان دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغان.


ئۇ يەنە نۇسەيرىيلەر ئۈچۈن ئىككى مەركەز تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھەلەبتە، رەئىسى مۇھەممەد ئەلى ئەلجەلىي؛ ئىككىنچىسى باغداتتا بولۇپ، رەئىسى ئەلى ئەلجىسرىي بولغان.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① ئەسەد ئارمىيىسى — نۇسەيرىيە تائىپىسىگە تەۋە بولۇپ، «ئەلەۋىيلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.





# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر



(1)

جىھاد ۋە سەۋر-چىدام بولماي تۇرۇپ جەننەت يوق، چوقۇم بەدەل تۆلەش لازىم. تۆلەيدىغان بەدەلنىڭ قىممىتى زور. قېرىندىشىم! سەن ئىككى ئېغىز ئۆي بىنا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتىسەن؟! باشلانغۇچتىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە 12 يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىسەن، ئاندىن يەنە ئون يىل ئوقۇيسەن، ئاندىن بىر نەچچە يىل ئىشلەپ بىر پارچە زېمىن سېتىۋالىسەن، ئاندىن يەنە بىر نەچچە يىل ئىشلەپ ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز ئۆي سالىسەن. كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە بار جەننەتنى مۇشۇنداق ئېشىپ قالغان ۋاقتىڭ بىلەنلا قولغا كەلتۈرمەكچىمۇ؟!

دېمەك، بىز ئىككى ئايدا بىر



(شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رحمه الله)

ئۈچرىشىپ كىشىلەرنى يەرشارىدا ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەجەللىك بىر مەسىلىگە ئاتلىنىشقا چاقىرىۋاتقىنىمىزدا سەن يانچۇقۇڭغا قول ئۇزۇتۇپ بەش-ئون دوللار چىقىرىپ قويغىنىڭ نېمىسى؟! نېمە ئىش بۇ؟!

سەن زادى دىنغا ياردەم بەرمەكچىمۇ؟! سەن دىنىڭغا جىددى قاراۋاتامسەن؟! سەن زادى رەببىڭگە چىن - سەمىمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتامسەن؟!

— مۇجاھىدلار رەھبىرى ئابدۇللاھ ئەززام رحمه الله سۆزلىرىدىن.

(2)

... ئەمما مال بىلەن قىلىنىدىغان جىھادنىڭ ئەھمىيىتى جان بىلەن قىلىنىدىغان جىھادتىن قېلىشمايدۇ بەلكى جىھاد ئىقتىسادقا قاراشلىقتۇر. ئەگەر مۇجاھىدلارنىڭ ئىلكىدە ئىقتىساد يېتىشسىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى تەلەپ قىلىدىغان قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە باشقا لازىمەتلىك ئېھتىياجلىرىنى قامداش مۇمكىن بولغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، مۇجاھىدلار يەنە ياربىدارلارنى داۋالاش، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا جەڭ ھاياتى تەلەپ قىلىدىغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىقتىسادقا جىددى ئېھتىياجلىقتۇر. بولۇپمۇ ئاشۇ قاتتىق سوغۇق رايونلاردا جىھاد قىلىۋاتقانلار.

ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك بولغاچقا پاك، ئۇلۇغ الله ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتابىدا بۇنىڭغا رىغبەتلەندۇرۇپ مالنى جاننىڭ ئالدىدا تىلغا ئالدى. بۇنىڭ مىساللىرى:

«الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر» (سۈرە سەپ 11- ئايەت).

«ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۇزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) — ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر» (سۈرە ئەنفال 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە-ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار. الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» (سۈرە تەۋبە 41- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن، قولۇڭلار بىلەن ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن تېكىستلەر مالنى جاندىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي جىھادقا چاقىرغاندۇر...

— پەزىلەتلىك ئىمام ھەمۇد بىن ئوقەلا شۇئەيبى (الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!)

(3)

.... پۈتۈنلەي روشەنلىك بىلەن ئېيتىمىزكى، چوقۇم ناسارالار (يەنى خرىستىئانلار)نىڭ ئۆز جىنسىدىكى دىنداشلىرى قىلىۋاتقان بۇ جىنايەتلەرگە كۆز يۇمۇپ سۈكۈت قىلىشى قاچانلا بولمىسۇن ئۇلارنى شەكسىز ھېسابقا قويىدۇ، پۈتۈن مەسئۇلىيەت قەتئىي ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۆز قەۋمىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشلىرى ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ چۈنكى ئىسلام ئۈممىتى ئۆز دىنى ئۈچۈن ھاياتى ۋە ئىسسىق قانلىرىنى بېرىشكە تەييار ۋىجدانلىق باتۇرلاردىن خالىي بولغان ئەمەس ۋە ھەرگىزمۇ خالىي بولمايدۇ.

مەسىلە ھەقىقەتەن خەتەرلىك، بۇ مەيداننىڭ دەۋزىلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەنلەر بىردەم پەيغەمبىرىمىزنى مەسخىرە قىلىش، بىردەم قۇرئانىمىزنى كۆيدۈرۈش، بىردەم مۇسۇلمان بولغان ھەمشىرىلىرىمىزنى بۇلاپ كېتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەنە ئاشۇ ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئەخمەقلەردۇر. ئەگەر ئەقىللىقلىرى ئەخمەقلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمايدىكەن ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىغا قارىتا مەيداننى ئېنىق ۋە ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلمايدىكەن، ئۆز قەۋمىنىڭ ئەخمەقلىرى پەيدا قىلغان ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۈستىگە ئالسۇن، كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەرنى كۈتسۇن!

«الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ» (سۈرە يۇسۇف 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).



(شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى حفظه الله)

ئەمدى بىز بۇ سۆزنى چوقۇم ئېيتىشىمىز، قانداق قۇربان بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىشىمىز لازىم. قۇرئانىمىزنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى ھىمايە قىلغاندا تۈرمە-زىندانلار شەرەپتۇر، دىنىمىز ۋە ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ شەرىپىنى قوغدىغاندا ئۆلۈم مەرھەمەتتۇر.

— ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى (الله ئۇ كىشىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

# ئائىلىۋى رېتسېپلار

## كۆيۈك

كۆيۈك — كۆيدۈرگۈچى ئامىللار تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان زەخىملىنىش بولۇپ، ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى دەرىجىلىك كۆيۈكتە تېرە قىزىرىپ ئىششىش؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك كۆيۈكتە تېرىدە سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولۇش؛ بۇ ئىككىسىدە قاتتىق ئاغرىش، ئۈچىنچى دەرىجىلىك كۆيۈكتە تېرە زەخىملىنىش ئېغىر ئەمما ئاغرىش سېزىمى يەڭگىل بولۇش ئالامىتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

داۋالاش رېتسېپلىرى:

قايناقسۇ ياكى ئوتتا كۆيۈپ قالغان كۆيۈكلەرنى ئاچچىقسۇ بىلەن يۇيسا، ئاغرىقنى توختىتىپ، قاپىرىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم ساقايغاندىن كېيىن تاتۇق بولۇپ قالمايدۇ (إن شاءالله).

قايناق سۇ ياكى ئوتتا كۆيۈپ قالغان يەرگە ئاززاق چىش پاستىسى سۈرسە، ئىششىقنى ياندۇرۇپ ئاغرىقنى توختاتقىلى ۋە يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (إن شاءالله).

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| ضَعِيْفٌ | ئاجىز | هِيَ ضَعِيْفَةٌ | ئۇ (ئايال) ئاجىز |
| ضُعَفَاءُ | ئاجىزلار | هُنَّ ضَعِيْفَاتٌ | ئۇلار (ئاياللار) ئاجىز |
| صَحِيْحٌ | ساق | هَذَا الْخَادِمُ صَحِيْحٌ | بۇ خىزمەتچى ساق |
| اَصِحَّاءُ | ساقلار | هؤُلاَءِ الْخُدَّامُ اَصِحَّاءُ | بۇ خىزمەتچىلەر ساق |
| مَرِيْضٌ | كېسەل | هَذِهِ الْخَادِمَةُ مَرِيْضَةٌ | بۇ خىزمەتچى (ئايال) كېسەل |
| مَرْضَى | كېسەللەر | هؤُلاَءِ الْخَادِمَاتُ مَرِيْضَاتٌ | بۇ خىزمەتچىلەر (ئايال) كېسەل |
| صَدِيْقٌ | دوست (ئەرلىك) | صَدِيْقُهُ غَنِيٌّ | ئۇنىڭ دوستى باي |
| اَصْدِقَاءُ | دوستلار | اَصْدِقَاؤُهُمْ اَغْنِيَاءُ | ئۇلارنىڭ دوستلىرى باي |
| عَدُوٌّ | دۈشمەن (ئەرلىك) | عَدُوِّي مَرِيْضٌ | مېنىڭ دۈشمىنىم كېسەل |
| اَعْدَاءُ | دۈشمەنلەر | اَعْدَاؤُنَا مَرْضَى | مېنىڭ دۈشمەنلىرىم كېسەل |
| جَارٌ | خوشنا (ئەرلىك) | جَارِى مَرِيْضٌ | مېنىڭ خوشنام كېسەل |
| جِيْرَانٌ | خوشنىلار | جِيْرَانُنَا سِمَانٌ | مېنىڭ خوشنىلىرىم سېمىز |

# سەبىلەر سەھىپىسى



## ئاچچىقلىنىش

خالىد بەستلىك، كۈچلۈك بىر بالا ئىدى. ھەتتا بىر ئۇزۇن ئورۇندۇقنىمۇ ئېگىلمەي بىر قولىدا كۆتۈرۈۋېتەلەيتتى. مەدرىستە چېلىشىپ يەڭمىگەن بالا يوق ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا نۇرىددىن بىلەن چېلىشاتتى.

بىر كۈنى يەنە مەدرىستىكى چىملىقتا نۇرىددىن بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. چېلىشىشتا يېڭىلىپ قالغان نۇرىددىن سىنىپقا كىرىپ خالىدنىڭ دەپتىرىگە قارا سۇۋاپ قويدى.

خالىدنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى - دە، دەرھال ساۋاقدىشىغا ئېتىلىپ، يۈزىگە بىر تەستەك سالدى. نۇرىددىننىڭ بۇرنىدىن ئاققان قان كىيىمىنى ۋە سىنىپنى مەينەت قىلىۋەتتى.

بۇنى كۆرۈپ سىنىپتىكىلەر ھەممىسى بىئارام بولدى. مۇئەللىم خالىدنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزىنى خاتىرلەتتى: «لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرَعَةِ إِنَّمَا الشَّدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ (چېلىشىشتا باشقىلارنى يەڭگەن ئادەم كۈچلۈك ئەمەس بەلكى ئاچچىقلانغاندا ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىگەن ئادەم كۈچلۈكتۇر)» (بۇخارى توپلىغان).

# پەيغەمبەر تېبابىتى
# بىلۋېلىڭ-ئېلۋېلىڭ

## تاۋۇز (بِطِّيخ)

پەيغەمبەر ﷺ تاۋۇزنى خورما بىلەن يېگەن ۋە: «بۇنىڭ ئىسسىقىنى بۇ ئالىدۇ» دېگەن (ئەبۇ داۋۇد 3836- ھەدىس، تىرمىزى 1843- ھەدىس).

تاۋۇز ھەققىدىكى ھەدىسلەر ئىچىدە پەقەت مۇشۇلا سەھىھتۇر.

تاۋۇز ھۆل سوغۇق، ئۇنىڭدىن سۈرمە چىقىدۇ. تاۋۇز تەرخەمەككە قارىغاندا ئاشقازاندا تېز بىر تەرەپ بولىدۇ. ئۇ ئاشقازاندا قايسى خىلتقا ئۇچرىسا شۇ خىلتقا ماسلىشىشى تېز بولىدۇ. تاۋۇز يېگۈچى ئىسسىق مىزاج بولسا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، سوغۇق مىزاج بولسا زەنجىۋىل بىلەن ئۇنىڭ زىيىنى يوقىتىلىدۇ. تاۋۇزنى تاماقتىن ئىلگىرى يېيىش كېرەك، بولمىسا كۆڭلى ئېلىشىپ، قەي قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بەزى تىۋىپلار مۇنداق قارايدۇ: «ئۇنى تاماقتىن ئىلگىرى يېسە قورساقنى تازىلايدۇ، كېسەللەرنى يىلتىزىدىن قومۇرىدۇ».




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

دورىنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئۈنسىمان ئېرىگۈچى دورىنىڭ قۇتىسىنىڭ رېزىنكە ياپقۇچىغا قاپلانغان قاتتىق پىلاستىك ياكى مېتالنى ئاجرىتىمىز. قاتتىق پىلاستىك ياپقۇچ گىرۋىكىدىن بارماق بىلەن ئىتتىرسەك ياكى تارتساقلا ئاجرايدۇ. مېتال ياپقۇچنىڭ ئوتتۇرىسى يېرىم كېسىلگەن ھالەتتە بولۇپ، جۈپتەك بىلەن قايرىساقلا ئاجرايدۇ. ئاندىن شپرىسنى ئۈنسىمان دورىنىڭ قۇتىسىغا سانچىپ، شپرىستىن سۈيۇقلۇقنى قۇتىغا كىرگۈزۈپ، شپرىسنى تارتماي تۇرۇپ چايقاپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىمىز. قۇتىدىكى دورا تولۇق ئېرىگەندىن كېيىن، شپرىسقا ئېرىتمىنى تارتىپ ئالىمىز. سوغۇق ۋاقىتلاردا ئىمكان بولسا ئېرىتمىنى قۇتا بىلەن يېرىم بەلگىچە ئىلمان سۇغا چىلاپ ئىللىتىۋالساق ئوكۇل تېز تارقاپ يارىدارغا نىسبەتەن ياخشى بولىدۇ (ئەمما قۇتىنىڭ ئېغىزىغىچە چىلاپ يىڭنىگە سۇ كىرگۈزۈپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم).

④ ئېرىگەن دورا سۈمۈرتۇلگەن شپرىس يىڭنىسى ناۋادا شپرىسنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا بولسا شپرىسنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك تۇتۇپ، ناۋادا چەت گىرۋەكتە بولسا يىڭنە بار گىرۋىكىنى ئېگىزگە قىلىپ شپرىسنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك تۇتۇپ، شپرىس دىۋارىغا يەڭگىل چېكىمىز. بۇ ۋاقىتتا شپرىس ئىچىدىكى ھاۋا قالدۇقلىرى كۆتۈرۈلۈپ يىڭنە ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. ئاندىن شپرىسنى يەڭگىل بېسىپ ھاۋانى سىرتقا چىقىرىۋېتىمىز (بولمىسا مۇسكۇلغا كىرگەن ھاۋا قاتتىق ئاغرىق ۋە مۇشكۇلات پەيدا قىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن شپرىسىمىز ئوكۇل قىلىشقا تەييار بولىدۇ. ئاندىن ئۇ شپرىسنىڭ يىڭنىسىگە قالپىقنى كىيدۈرۈپ قويىمىز.


⑤ ئاندىن ئىسپىرتلانغان تېببىي پاختا تۇگۈرى ياكى پۇركۇلىدىغان ئىسپىرت ۋە قۇرۇق تېببىي پاختا تۇگۈرى تەييارلايمىز. ناۋادا ئىسپىرتىمىز بولمىسا قۇرۇق تېببىي پاختا تۇگۈرى تەييارلاپ ئوكۇل ئۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۇرماقچى بولغان ئوكۇلىمىزدىن تېمىتىپ نەمدىۋالىمىز.

مۇسكۇلغا ئۇرۇلىدىغان ئوكۇلنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئورنى كاسا. كاسىنى تىك ۋە توغرا سىزىق بىلەن تۆت بۆلەككە بۆلسەك، ئۈستۈنكى سىرتقى تەرەپ مۇسكۇل ئوكۇل سالىدىغان ئورۇن. ئەگەر ئىچى تەرەپ ياكى تۆۋەن تەرەپلەرگە ئۇرۇلۇپ قالسا ئولتۇرغۇچى نېرۋىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇپ بىر پۇتنىڭ پالەچلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەگەر كاسا زەخىملەنگەن ياكى يارىدارنى دۈم ياتقۇزۇش مۇمكىن بولمىغاندا، چوڭ يوتىنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ ئالدىغا مايىلراق ئورۇنغا ئۇرىمىز ياكى ئۈستۈنكى بىلەكنىڭ سىرتقى يۇقىرى قىسمىغا ئۇرۇشقا بولىدۇ.

دىققەت: ئالتە ياشتىن تۆۋەن باللارغا كاسىغا ئوكۇل ئۇرۇشقا بولمايدۇ چۈنكى ئولتۇرغۇچ نېرۋىنىڭ ئورنى ئالتە ياشتىن تۆۋەن باللاردا ھەر خىل بولىدۇ. چوڭ يوتىغا ئۇرۇش كېرەك.

ئوكۇل ئۇرۇشتا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئوكۇل يىڭنىسىنى مۇسكۇلغا كىرگۈزۈپ، شپرىس يىڭنىسىنى ئازراق ئۈستىگە كۆتۈرسەك قاننى سۈمۈرۈپ چىقسا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ماڭدۇرمايمىز. قان چىقمىسا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ماڭدۇرىمىز.






كاسىغا ئۇرۇلغان ئوكۇل 90 گرادۇس ھالىتىدە، ئۈستۈنكى بىلەككە ۋە يوتىغا ئۇرۇلغان ئوكۇل 45 گرادۇس ھالىتىدە ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر يىڭنىنىڭ مۇسكۇلدىن ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورقۇلسا مۇسكۇل يىغىپ تۇرۇپ ئاندىن ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ.

## 2. كۆك ۋە قىزىل قان تومۇرلاردىن قان كېتىشنى توختىتىش

قان سۇيۇقلۇقى يۈرەككە كېلىشتە ئاقىدىغان تومۇرلار ــ كۆك قان تومۇر دېيىلىدۇ. بۇ قان تومۇردىكى قاننىڭ تەركىبىدە كاربون



(ئىنسانلارنىڭ قان تومۇرلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى)

Ⅳ ئوكسىد كۆپرەك بولغاچ رەڭگى توق قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل قان تومۇر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ۋىنا» دېگەن سۆز بويىچە ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل قان تومۇر ئاساسەن دېگۈدەك بەدەننىڭ سىرتقى يۈزىگە يېقىن ھالەتتە جايلاشقان بولۇپ، بۇ **الله تعالى** نىڭ ئىنسانلارنىڭ تېببىي ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاتا قىلغان كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قان سۇيۇقلۇقى يۈرەكتىن چىقىپ پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىشتا ئاقىدىغان تومۇرلار ــ قىزىل قان تومۇر دېيىلىدۇ. بۇ خىل قان تومۇردىكى قاننىڭ تەركىبىدە ئوكسىگېن كۆپ بولغاچ رەڭگى ئاچ قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل قان تومۇر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئارتېرىيە» دېگەن سۆز بويىچە ئاتىلىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**




■ 8- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جەلكىيۇ شەھرىدە سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ خىزمەت بىناسىغا ئارقا - ئارقىدىن 2 قېتىم پىدائىيلىق ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 30 دىن ئارتۇق ھەربىي ئەمەلدار جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى لەشكەرگاھ رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر جەريانىدا، تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى مۇرتەد ئارمىيىگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن. بۇ جەڭلەردە الله نىڭ ياردىمى ۋە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شىددەتلىك جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە 11 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، تاغۇت ئەسكەرلىرى بۇ رايوندىن چېكىنگەن.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل ئەكراد رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان نۇقتىلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى شەرمەندىلەرچە چېكىنىپ، كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ كابۇل ۋىلايىتى باگرام رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ۋە تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ۋە 5 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە تانكىسى كۆيۈپ ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ھۇدۇر شەھىرى دۇئاھى رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە 13 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان، 9 دانە ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراقنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 8- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى جالالئابادتا ئىستىخبارات مەسئۇللىرى ئولتۇرغان ماشىنىغا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى بىرمىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى بولغان باگان رايونىدا 6.8 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، بۇ رايوندىكى چوڭ - كىچىك بۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا يەھيا ئەلى ئىسىملىك سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ بىر مەسئۇلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

■ ئەنسارۇششەرىئە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتىدىكى بىر تاشيولدا تاغۇت ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر تاغۇت ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 8- ئاينىڭ 26- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل ئەكراد رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئورۇنلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز قاتتىق جەڭ قىلىپ كاپىرلارنى چېكىندۇرگەن، نەتىجىدە كاپىرلاردىن نەچچە ئونلىرى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتىنىڭ جانغىل رايونىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 15 دانە تانكا، 16 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراق، ئوق - دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدە شەھىد ئۇستاز مەرۋان ھەدىدنىڭ نامىدا تاغۇت قوشۇنلىرىغا قارشى چوڭ جەڭ باشلىغان بولۇپ، جەڭ باشلىنىپ ھازىرغىچە ئۈچ چوڭ يېزا ۋە كۆپلىگەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى فەتھ قىلغان. جەڭ ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى خىتاي سىرتىدىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پارتكوم سېكرېتارىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. 8- ئاينىڭ 29- كۈنى خىتاي تاراتقۇلىرىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ، خىتاينىڭ تىبەتتىكى پارتكوم سېكرېتارى چېن چۈەنگونى جاڭ چۈنشيەننىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

■ 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ئەتىگەندە تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە مۇرتەد ئارمىيە نەنگارھار ۋىلايىتى تاشھاردارا رايونىدىكى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى تۇرۇشلۇق جايغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە يېقىنلاشقان. كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتكەن، نەتىجىدە 13 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 7 سى يارىلانغان. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى شەرمەندىلەرچە چېكىنگەن.

■ 8- ئاينىڭ 30- كۈنى (سەيشەنبە) ئەتىگەن قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەكتىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ماشىنا بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ماشىنا پارتلاشتىن ئىلگىرى ئەلچىخانىنىڭ دەرۋازىسىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئارقىدىن ئەلچىخانا بىناسىغا ئۇسۇپ پارتلىغان.

■ 8- ئاينىڭ 31- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدىكى سومالى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئىستىخبارات خادىملىرى يىغىن ئېچىۋاتقان چوڭ بىر مېھمانخانىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 40 قا يېقىن ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىستىخبارات خادىملىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ بار ئىكەن.

■ 8- ئاينىڭ 31- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندىھار ۋىلايىتى مىيۋاند رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئەسكىرىي بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 42 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراق، ئوق - دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە جامائىتىمىزدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلار سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتى تەللە مەخرۇقات ئەتراپىدا تاغۇت ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە تراكسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

■ 9- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتى داشرىخ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. ھۇجۇم ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىقتىن كېيىن مۇجاھىدلار مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى شىددەتلىك جەڭ باشلىغان، نەتىجىدە ئىستىخبارات ئەمەلدارى، ساقچى ۋە ئەسكەرلەردىن بولۇپ 49 ى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 2 دانە تانكا ۋە بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.